شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 10 - ئاي
20
سەيشەنبە
维吾尔文 10月20日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25220 - سان بۈگۈن 4 بەت

## مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

# مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «ئۈچ بىرگەۋدىلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار»نى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يېقىندا «ئۈچ بىرگەۋدىلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار»نى بېسىپ تارقاتتى.

«قارار»دا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ «ئۇلۇغ غەلبىنى ئەستە چىڭ ساقلاش تىنچلىق، ھەققانىيەتنى قوغداش — جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش باش تېما كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى دەۋردە ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك

## لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار مۇزېيىغا بېرىپ، «ئۇلۇغ غەلبىنى ئەستە چىڭ ساقلاش تىنچلىق، ھەققانىيەتنى قوغداش — جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش باش تېما كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 70 يىل ئىلگىرى، تىنچلىقنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى قەتئىيلىك بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغداشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك تەدبىر چىقارغان، قەھرىمان جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى ھەققانىيەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاۋشيەن خەلقى ۋە ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيا تىنچلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان. ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ھەققانىيەتنىڭ غەلىبىسى، تىنچلىقنىڭ غەلىبىسى، خەلقنىڭ غەلىبىسىدۇر. ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا تاۋلىنىپ شەكىللەنگەن ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھى تولىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بولۇپ، جەزمەن جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنى بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، بارلىق كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ۋە ئىنقىلابىي روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار مۇزېيىدا «ئۇلۇغ غەلبىنى ئەستە چىڭ ساقلاش تىنچلىق، ھەققانىيەتنى قوغداش — جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش باش تېما كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

## چېن چۈەنگو، ۋاڭ دۇڭفېڭ، شۈ چىن، يې دۇڭسۇڭ، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن پائالىيەتكە قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، خېبېي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ دۇڭفېڭ، خېبېي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى شۈ چىن خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، خېبېي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يې دۇڭسۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى كورلا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا شۆبىنى، كورلا شەھىرى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى ۋە بىڭتۇەن 2 - شىسىنىڭ باشئەگىم شەھىرىگە بېرىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى تەكشۈردى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى زىيارەت قىلدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، خېبېي ئۆلكىسى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەم شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى. چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىقە ۋاكالىتەن خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى ۋە شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خېبېي خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادتا كۈچلۈك ئۆلكە، گۈزەل خېبېي قۇرۇشتا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: خېبېي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار، مەبلەغ، تۈر قاتارلىق تۈرلۈك كۈچ ۋە بايلىقلارنى توپلاپ، ئۈنۈملۈك ياخشى پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئەڭ زور چەكتە زورايتىپ، بايىنغولىن ئوبلاستى بىلەن بىڭتۇەن 2 - شىسىنىڭ ئىناق - مۇقىملىقى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بولدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# پىيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي سانى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى




□制图/新疆日报视觉中心 张 永

**رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇڭفېي خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى كېڭەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن «ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى تۈرتكۈچ»لۈك رولىنى جارى قىلدۇردى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا A پىيى بازارغا سېلىنغان شىركەت 58گە يېتىپ، «12 - بەش يىل»نىڭ ئاخىرى بولغان 2015 - يىلدىكىدىن 15ى كۆپىيىپ، پىيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي مىقدارى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭ داشۆگە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

# «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مۇلازىمەت قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 2020 - يىللىق ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭ داشۆگە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن، چىڭخۇا داشۆ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن شۈ، جۇڭشەن داشۆ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈنشېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت، بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىش

## — ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەر، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ لېكسىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئەگىشىپ، كەڭ كادىرلار، ئامما 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيىتى ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يەتتى. ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق بىلدۈردى: بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، سۈبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرىمىز.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئىلھام ئوسمان بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا لېكسىيە دوكلاتى بەردى. چۈشتىن كېيىن، ئۇ جىڭ ناھىيەسىنىڭ جىڭ بازىرى كاڭنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ ئامما بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى. كۆپچىلىك لېكسىيە دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق بىلدۈردى: ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يىغىن روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)